# يازلىق پەرۋىش، يازلىق يىغىم قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئالدىراش بولدى «ئاشلىق» كاپالىتى تېخىمۇ يېتەرلىك بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

گۈچۈڭ ناھىيەسى تېخنىكا مەشغۇلات قائىدىسىنى تۈزۈپ، ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسىغا تايىنىپ ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتتى ھەم يېزا ئىگىلىك تېخنىك خادىملىرىنى نەق مەيداندا تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىشقا تەشكىللەپ، ئورگانىك ئوغۇتنى خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ھەم كېسەل، ھاشارات زىيىنىنىڭ بىرتۇتاش ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى بىرتۇتاش تىزگىنلەش ھەم يېشىل ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇردى، مۆلچەرلىنىشچە، بۇ يىل 7300 توننىدىن ئارتۇق خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارى ئازايتىلىپ، دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ مو بېشى سېلىنمىسى ئۈچ يۈەن ئازايتىلىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 21 مىليون يۈەندىن ئارتۇق چىقىمى ئازايتىلىدىكەن.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى گو خۇەيېن مۇنداق تونۇشتۇردى: سانجى ئوبلاستى «يېشىل ئاشلىق ئامبىرى»نى پائال بەرپا قىلىپ، تۇپراقنى ئۆلچەپ رېتسېپلىق ئوغۇتلاش، چوڭقۇر بوشىتىش مەشغۇلاتى قىلىش، خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسىدىن ئىبارەت ئىككىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىش قاتارلىق يېشىل تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، يېشىل، يۇقىرى سۈپەتلىك بۇغداي تەمىناتىنى ئاشۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي ئاشلىق ئارقىلىق سۈپەتلىك ماركىلىق ئۈن كەسپ زەنجىرىگە تىرەك بولدى.

**سىياسەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش ئاساسىنى پۇختىلاش**

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، شايار ناھىيەسى نۇرباغ يېزىسىدىكى يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي تېرىش، ئىشلەپچىقىرىش ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسىدا، تېخنىك خادىملار بۇغداي ئورۇشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۇغىرىش، ئوغۇتلاش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى.

نۇرباغ يېزىسى يېڭىئاۋات كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ياقۇپ قاسىم مۇنداق دېدى: «بۇ يىل بۇغداي بەك ياخشى ئۆستى، مو بېشى ھوسۇلىنىڭ 520 كىلوگرامغا يېتىشىدە گەپ يوق. بۇلتۇر بۇغداينىڭ ھەر موسىغا 180 يۈەن ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلگەنىدى، بۇ يىل 220 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، ئاشلىق ساتقاندا يەنە ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدىغان بولدى، دۆلەتنىڭ ئاشلىق سىياسىتى بەك ياخشى».

بۇ يىل ياقۇپ تېرىغان 15 مو بۇغداي كەنتتىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا پاي قىلىپ قوشۇلدى، ئاندىن ھەمكارلىق كوپېراتىپى بۇغداي ئۇرۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى، ئۈن ئىشلەش شىركىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش زاكاز تالونى ئىمزالاپ، بىرتۇتاش سورت تاللاش، بىرتۇتاش يەر تېرىش، بىرتۇتاش ئېتىز باشقۇرۇش، بىرتۇتاش ئورۇش، بىرتۇتاش سېتىشنى يولغا قويدى.

شىنجاڭ تيەنيۈ ئۇرۇقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سورت كۆپەيتىش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى چېن جۈنسېي مۇنداق دېدى: «بۇ بازىدىكى بۇغداينىڭ سۈپىتى ياخشى، بىز زاكاز بويىچە بىرتۇتاش سېتىۋالىمىز، بازار باھاسىدىن ئۈچ مو يۇقىرى.» باھا تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىپ، ئاشلىق تېرىغان دېھقانلار خاتىرجەم قىلىندى.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل شايار ناھىيەسىدە تېرىلغان بۇغداي 208 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۈزگى بۇغداي 167 مىڭ مو، يازغى بۇغداي 41 مىڭ مو ئىكەن، مۆلچەرلىنىشچە ئومۇمىي ھوسۇل 93 مىڭ توننىدىن ئاشىدىكەن.

شايار ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى ياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل شايار ناھىيەسى تېرىلغۇ يەر قۇۋۋىتىنى قوغداش ياردەم تولۇقلىمىسىنىڭ سىياسەت يېتەكلەشلىك رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى مۇقىملاشتۇردى.

**ھوسۇلنى مۇقىملاشتۇرۇش سۈپەتنى ئەلالاشتۇرۇش پەن - تېخنىكا كۈچ قوشۇش**

«ھازىر بۇغداينىڭ باشاقلىرى تولۇشقا باشلىدى، ئۆسۈشى ناھايىتى ياخشى، مۆلچەرلىنىشچە 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئورۇشقا بولىدۇ.» 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، باغراش ناھىيەسى تاۋۇن جۈگۈن يېزىسى تاۋۇن جۈگۈن كەنتىدىكى دېھقان لى گۇاڭجۈن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇ يىل بۇغداينىڭ ئۆسۈشى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن تېخىمۇ ياخشى بولدى، بۇ، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنىڭ پايدىسىدىن بولدى.

بۇ يىل، باغراش ناھىيەسى بۇغداي تېرىشنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە بېيدوۇ يول باشلاش سىستېمىسىنى ئىشلىتىپ، بېيدوۇ سۈنئىي ھەمراھنىڭ يول باشلىشى ئارقىلىق بۇغداي تېرىپ، يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، كېيىنكى مەزگىللىك ئېتىز پەرۋىشىگە قولايلىق ياراتتى.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسى تېرىقچىلىق ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لۇ شاۋلېي مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بايىنغولىن ئوبلاستى تۇپراق ئۆلچەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يەرنى ئوغۇتلاشنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. دېھقانلار«نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاش» پرىنسىپى بويىچە ئوغۇتلاپ، ھەم ئوغۇتنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى ئازايتتى، ھەم تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى قاراتمىلىق ھالدا ئاشۇردى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاپلا قالماي، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، ئاشلىق ھوسۇلىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، يەنە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاپ، تېخنىكىنى ئۆستۈرۈپ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىش بىلەن بىللە، بايىنغولىن ئوبلاستى يەنە يېڭى سورتلارنى كىرگۈزۈش، كېڭەيتىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، بۇ يىل شىنچۈن 26 - نومۇر، شىندۇڭ 22 - نومۇر قاتارلىق بۇغداي سورتىنى كىرگۈزدى، كېڭەيتتى. «يېڭى سورتلارنى كېڭەيتىش كېيىنكى مەزگىلدە ئاشلىق ھوسۇلىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ھوسۇلنى ئاشۇرۇشتا ئىلمىي ئالدىن كۆرەرلىك ۋە يېتەكچىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا تېخىمۇ پايدىلىق» دېدى لۇ شاۋلېي.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھازىر، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىدە 5G ئاساسىي پونكىتى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى بىرقەدەر تېز بولۇۋاتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدە 5G ئابونتچىلىرى 168 مىڭ 600گە يەتتى. نۆۋەتتە تۆمۈريول ئىدارىسى سودا چەمبىرىكى، دوستلۇق سودا چەمبىرىكى، شياۋشىگۇ سودا چەمبىرىكى، جۇڭشەن يولى سودا چەمبىرىكى، خۇاڭخې يولى سودا چەمبىرىكى، مىدۇڭ سودا چەمبىرىكى، نەنخۇ سودا چەمبىرىكى، ئايروپورت لىنىيەسى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول لىنىيەسى قاتارلىق ئادەم ئېقىمى زىچ سودا رايونلىرى ھەم ئاساسلىق شەھەر رايونىنى بىرتۇتاش قاپلاش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 5G+كەسپ ئەمەلىي قوللىنىشىدا كۆپ كۆرۈنۈشلۈك، كۆپ كەسپ، كۆپ ساھە يۇغۇرۇلغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلدى، 5Gنى ئەمەلىي قوللىنىش ھەم كەسپتە ئۆلگە كۆرسىتىش ئېففېكتى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان بولدى: شىنجاڭ ھەربىي رايونى باش دوختۇرخانىسى 5G تورىنى قوللىنىپ، تۇنجى يىراق مۇساپىلىك B چاۋ تەكشۈرۈشنى تاماملىدى؛ دۆلەت ئېلېكتر تورى 5Gدىن پايدىلىنىپ 360 گرادۇسلۇق VRدا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ چۆكتۈرۈش شەكلىدىكى سەييارە تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ 5G ئاقىل باغچە رايونىدا، سەييارە تەكشۈرۈش ماشىنا ئادەمى كۆمۈر كانىنىڭ كۆمۈر يەتكۈزۈش زەنجىر تاپىنىنى سەييارە تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ - ئۆلچەش، كان كىرانىنى ئادەمسىز ھەيدەش، قېزىش ماشىنىسىنى يىراق مۇساپىلىك كونترول قىلىش قاتارلىقلار ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يىرىك پىلان بويىچە، 2022 - يىلغا بارغاندا، مەركىزىي شەھەر رايونىنى 5G تورى بىلەن چوڭقۇر قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇش بىلەن بىللە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شارائىتى بار يېزا - بازار، يېزا، تۈەن - مەيدانلارغا كېڭەيتىلىدىكەن.

# «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى تېخىمۇ ئادىل، قولاي تىجارەت - سودا مۇھىتى بەرپا قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئادىل رىقابەتلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى زورايتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، تېخىمۇ ئادىل بولغان رىقابەت مۇھىتى بەرپا قىلدىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنۇلارنى تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايون بىرلىككە كەلگەن، ئاشكارا بازار ئىجازەتى تۈزۈمىنى ئورناتتى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى بىرىكتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، بىر تارماق باشقۇرىدىغان، بىر كۆزنەك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، بىر قوشۇن مۇلازىمەت قىلىدىغان، بىر سۇپا كاپالەتلىك قىلىدىغان، ئىشتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش بىلەن ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئۆزئارا ئايرىۋېتىلگەن مەمۇرىي مۇلازىمەت ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش كەسپ سىستېمىسىنى زور كۈچ بىلەن بىرىكتۈرۈپ، سىستېما فۇنكسىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، توردا ئىش بېجىرىش كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى كېڭەيتىپ، سانلىق مەلۇماتتىن كۆپ پايدىلىنىش، كارخانىلارنى ئاز قاترىتىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

يېقىندا، ئاپتونوم رايوندىكى بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى 13 خىل مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى بېجىرىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ساقلاپ قېلىنغان ئۆلكە دەرىجىلىك بەش خىل مەھسۇلات ئىچىدىكى خەتەرلىك خىمىيەلىك بۇيۇمدىن باشقىلارغا «ئاۋۋال ئىجازەتنامە بېجىرىش، ئاندىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش»تىن ئىبارەت ئاددىيلاشتۇرۇلغان تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى داۋاملىق يولغا قويدى، يېمەكلىككە ئالاقىدار مەھسۇلاتلارغا «خەۋەرلەندۈرۈش - ۋەدە بېرىش»تىن ئىبارەت تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى يولغا قويدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنلارغا ئىجازەت بېرىلگەن تارماق تۈر سانىنى 244 تۈردىن 112 تۈرگە ئازايتىپ، ئۆزى بايانات ئېلان قىلىپ ۋەدە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇپ، باھالاش ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئاپپاراتلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش دائىرىسىنى قانۇن بويىچە بەلگىلەپ، تەڭشەپ، پەقەت پەن تەتقىقات، تىبابەت ھەم ساقلىقنى ساقلاش، كەسپىي سەھىيە تېخنىكىسىنى باھالاش مۇلازىمىتى، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىش ھەمدە قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باھالاش، ئۆي باھالاش، ئوت مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى قوغداش، ئاسراش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساھەدىكى ئاپپاراتلارغا قارىتا ئەمدى سالاھىيەت بېكىتىش گۇۋاھنامىسى تارقاتمايدۇ، تەكرار گۇۋاھنامە تارقىتىشنى ئازايتىدۇ؛ ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، بەش تۈرلۈك ئىجازەت ئىشنى ئەڭگە ئېلىشقا ئۆزگەرتىپ، تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئاپپاراتلىرىدا «بىر ئاپپاراتتا بىر ئىجازەتنامە بولۇش»نى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر قېتىمدىلا خەۋەرلەندۈرۈش تۈزۈمى، تۇنجى سوئالغا مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى، مۇلازىمەتكە ۋەدە بېرىش تۈزۈمى، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى، مەدەنىي مۇلازىمەت قىلىش تۈزۈمى قاتارلىق باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى قوبۇل قىلغۇچى خادىملارنىڭ بېجىرىش ۋاقتىنى قەرەللىك ئىستاتىستىكىلاپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆز قىممىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى چوڭ ۋەزىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقا كۆرۈنۈشىدە، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى مۇھىم خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە تۇتۇپ، ھۆكۈمەت، ئالىي مەكتەپ، كارخانا، جەمئىيەت قاتارلىق كۆپ تەرەپنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭىلىق يارىتىش سۈپىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى ياخشى قىلىپ، توسالغۇلارنى ئېچىپ، قىيىن نۇقتىلارنى ھەل قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا ئالاقىدار تەدبىرلەرنى دەل جايىدا، ئىنچىكە ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، «ئۇلارنى ‹يىپى ئۈزۈلمەيدىغان لەگلەك›كە ئايلاندۇرۇش كېرەك».

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى كەسپ تاللاش قارىشىنى تۇرغۇزغاندىلا، ئۇلار ھەم ئەنئەنىۋى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا قالتىس تالانتىنى نامايان قىلالايدۇ، ھەم يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش ھالىتىدە ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسىنى قوغلىشالايدۇ؛ ھەم شەھەردە ئۆزىنىڭ غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدۇ، ھەم يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش سەھنىسىدە سەلتەنەتلىك ياشلىق ناخشىسىنى پۈتەلەيدۇ... نى - نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغان يېڭى دەۋردە تۇرۇپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىش شەرق شامىلىنى كۆتۈۋېلىپ، ھەر ساھە بەرپا قىلغان ياخشى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش كەيپىياتىدا، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت مەكتەپتىن بىر - بىرلەپ ئۇچۇپ چىققان بۇ «لەگلەك»لەرنىڭ يىپى ئۈزۈلمەيلا قالماستىن، يەنە كۆپكۆك ئاسماندا ئېگىز ئۇچالايدۇ، قالتىس ئۇچالايدۇ.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

# شىنجاڭدىكى بانكا، سۇغۇرتا كەسپى كۈچىنى بىرىكتۈرۈپ كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 91 مىليارد 826 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 10.74% ئاشتى؛ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى بارلار 204 مىڭ بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 73 مىڭ 100ى كۆپەيدى.

تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدىكى بانكا ئاپپاراتلىرى كارخانىلارنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» دۆلەتلىرى بىلەن بولغان چېگرا ھالقىغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا تۈرىدىن 246نى قوللىدى، بۇنىڭ جەدۋەل ئىچكى - سىرتىدىكى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قالدۇقى 15 مىليارد 217 مىليون يۈەن بولدى؛ سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى 228 شىنجاڭ كارخانىسىنى 1 مىليارد 553 مىليون يۈەن ئېكسپورت ئىناۋەت سۇغۇرتىسى كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئېلىم ھېسابىدىكى پۇل، ئامبار تالونى قاتارلىق رەنىگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، كېڭەيتىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، كەسپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىنىدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلەغ قىس بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىلدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، كەسپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىنىدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى تەخمىنەن 14 مىليارد 912 مىليون يۈەنگە، قەرزى بارلار 1736گە يەتكەن.

قەرز قارىغۇلارچە قايتۇرۇۋېلىنمىدى، ئۈزۈپ قويۇلمىدى، باستۇرۇپ قويۇلمىدى، كارخانىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن داۋاملىق قەرز ئېلىش، قەرەلىنى ئۇزارتىش بىلەن تەمىنلەندى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدا 7175 كىچىك، ئۇششاق كارخانا قەرەلىنى ئۇزارتىش، داۋاملىق قەرز ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق دىرنى قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتتى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان قەرز پۇل سوممىسى 14 مىليارد 696 مىليون يۈەن، چېتىلىدىغان قەرز 9656 قېتىم بولدى؛ 5069 كىچىك، ئۇششاق كارخانا 669 مىليون يۈەن ئۆسۈمنى كېچىكتۈرۈپ قايتۇردى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ دىرى 36 مىليارد 991 مىليون يۈەن بولدى.

كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىلدى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، 16 ئاساسلىق سودا بانكىسى ئىچىدە 13 بانكىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق تىپىدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى يىل بېشىدىكىدىن تۆۋەنلىدى. بانكا كەسپى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق تىپىدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار قەرز پۇلىدىن ئالىدىغان ئوتتۇرىچە ئۆسۈم نىسبىتى 5.67% بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 0.69 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى يەنە ھەق تاپشۇرۇش مۇددىتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىش، سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، سۇغۇرتا مەجبۇرىيىتىنى كېڭەيتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر چوڭ ئۇچرىغان توپ ۋە پارچە سېتىش، ياتاق، يېمەك - ئىچمەك، ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورتى، مەدەنىيەت - ساياھەت قاتارلىق ساھەلەرنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇردى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن بۇيان، سۇغۇرتا شىركەتلىرى يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە جەمئىي 19 مىليون 123 مىڭ 800 يۈەن ئېتىبار بەردى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگە قەدەر، سۇغۇرتا شىركەتلىرى سۇغۇرتىغا قاتناشقان 16 مىڭ 890 تىجارەت خاراكتېرلىك ئاپتوموبىلنىڭ ئىككى ئايلىق سۇغۇرتا مۇددىتىنى ئۇزارتتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى سىستېما تاموژنا، تۆمۈريول، كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئۈچ تەرەپ ئارىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنى تېخىمۇ قولايلاشتۇردى. سانلىق مەلۇماتنى ئۆزئارا دەللەش ئارقىلىق، نەق مەيداندىكى ئادەملىك مەشغۇلات ھالقىسىنى ئازايتىپ، مەشغۇلات ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرغىلى بولىدۇ.

«بۇنىڭدىن ئىلگىرى توشۇش قورالىنى ئىلتىماس قىلىش تالونى قەغەز تالون بويىچە ئىلتىماس قىلىناتتى. يېڭى سىستېما تورغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، توشۇش قورالى ئىلتىماسىنى ئېلېكترونلۇق ئىلتىماس ئارقىلىق بېجىرگىلى بولىدۇ. ھەم ئامبار تالونى ئېلېكترونلۇق سانلىق مەلۇماتى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، توشۇش قورالىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك بولىدۇ. تاموژنا ۋە تۆمۈريول تارماقلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتنى ئالماشتۇرۇش سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلىتىلىپ، پورتلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش بېسىمى ئۈنۈملۈك يېنىكلىتىلىپ، تەۋەلىك جاينىڭ مال توپلاش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلىدۇ.» قورغاس تاموژنىسىدىكى خىزمەتچى خادىم يۈ ۋېنجيەڭ مۇنداق دېدى: بۇ ئەندىزىگە تايانغاندا، جوڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش فۇنكسىيەسى يەنىمۇ گەۋدىلىنىپ، لىنىيە بويىدىكى رايونلارنىڭ ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولىدۇ.